## 5048 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ دۇئا قىلىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئادەت كۆرۈپ قالغان ئاياللار ئادەت جەريانىدا دۇئا قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە يول كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىسلام پەتۋالىرى 1-توم 239-بەتتە مۇنداق سوئال بايان قىلىنغان: ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالار ئەرەپات كۈنىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى بولغان بەزى دۇئالارنى ئوقۇسا بولامدۇ؟، بۇنىڭ جاۋابى: ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئايالار ئەرەپات كۈنى دۇئا كىتابلىرىدىن دۇئالارنى ئوقۇسا بولىدۇ، قۇرئان ئايەتلىرىدىن بولغان دۇئا بولسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى توغرا قاراشتا ھەيزدار ـ نىپاسدار ئايالار قۇرئان ئوقۇسا بولمايدۇ دەپ ئوچۇق دەلىل بايان قىلىنمىغان پەقەت جۇنۇپنىڭ قۇرئان ئوقۇسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق دەلىل بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس بايان قىلىنغان، ئەمما ھەيزدار ـ نىپاسدارلار توغرىسىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان: ھەيزدار ـ نىپاسدار ئايالار قۇرئان كەرىمدىن بىر نەرسە ئوقۇمىسۇن دېگەن ھەدىس زەئىپ، چۈنكى بۇ ھەدىس ئىسمائىل ئىبنى ئەيياشنىڭ ھىجازلىقلاردىن قىلغان رىۋايىتى بولۇپ، ئۇ ھىجازلىقلاردىن قىلغان رىۋايىتى زەئىپتۇر، لېكىن ھەيزدار ـ نىپاسدارلار قۇرئاننى تۇتماستىن يادقا ئوقۇسا بولىدۇ، ئەمما جۇنۇپ يۇيۇنمىغۇچە يادقىمۇ ياكى قۇرئانغا قاراپ بولسىمۇ ئاياتلەرنى ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، جۇنۇپنىڭ ھەرقاچان يۇيۇنۇشقا ئىمكانىيىتى بار، قاچان يۇيۇنۇشنى ئىرادە قىلسا شۇ ۋاقىتتا يۇيۇنالايدۇ، سۇ ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىسا تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، ئەمما ھەيزدار ـ نىپاسدار ئايالارنىڭ ئىشى ئۆز ئىلكىدە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ھەيز ـ نىپاس بىرقانچە كۈنلەر داۋام قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىككەيلەنگە ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان پەزىلەتنى يوقۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى شەرئى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش دۇرۇس قىلىندى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەت ـ ھەدىسلەر ئارىلاشقان دۇئا كىتابلىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ، ئۆلىمالارنىڭ مۇشۇ مەسىلى ھەققىدە، توغرا دەپ قارالغان پەتىۋاسىدۇر". [شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ].

يەنە مۇنداق سوئال كەلگەن: مەن ئادەت كۆرۈپ قالغان ياكى تاھارەت بولمىغان ۋاقىتلاردا تەپسىر كىتابلىرىدىن بەزى سۆرىلەرنى ئوقۇيمەن، بۇنداق قىلسام گۇناھ بولامدۇ؟. بۇنىڭ جاۋابى: ئۆلىمالارنىڭ توغرا قارىشىدا، ھەيزدار ـ نىپاسدار ئايالار

تەپسىر كىتابلىرىنى ئوقۇسا ياكى قۇرئان كەرىمنى تۇتماستىن ئوقۇسا گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما جۇنۇپ كىشىنىڭ يۈيۈنمىغۇچە مۇتلەق قۇرئان ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ، تەپسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى ئوقۇسىمۇ ئارىسىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇشتىن جۇنۇپلۇقتىن باشقا نەرسە چەكلەپ قويمايتتى، ئىمام ئەھمەد توغرا ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەمما جۇنۇپ قۇرئاندىن بىر ئايەت ئوقۇسىمۇ بولمايدۇ. شەيخ ئىبنى باز